سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# دۆلىتىمىز ماركس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چې شېڭ)** 2018 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ماركس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار قاتارلىق ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەخمىنەن 3000 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىزنىڭ ماركسنى خاتىرىلىشىمىز ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، شۇنداقلا بىزنىڭ ماركسىزملىق ئىلمىي ھەقىقەتكە بولغان قەتئىي ئېتىقادىمىزنى جاكارلاش ئۈچۈندۇر. ماركسىزم باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، بىزنىڭ دۇنيانى تونۇش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورالىمىز. يېڭى دەۋردە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى يەنىلا ماركستىن ئۆگىنىپ، ماركسىزمنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ماركسىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈزلۈكسىز ئىلمىي ئەقىل ـ پاراسەت ۋە نەزەرىيە كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرادە، تېخىمۇ چىڭ ئىشەنچ، تېخىمۇ مول ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماركس، ئېنگېلس تەسەۋۋۇر قىلغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى جۇڭگو زېمىنىدا ئۈزلۈكسىز جانلىق نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە ماركسىزمنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كوممۇنىزم يۈكسەك ئۇلۇغۋار غايىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئورتاق غايىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇنداقلا قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، كوممۇنىستلارنىڭ غايە ـ ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، خەلقنى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورتاق ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز، يېتەكلىشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دادىللىق بىلەن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈستقۇرۇلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاڭلىق ماسلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قانۇنىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ خەلق دېموكراتىيەسى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك بولغان خەلق دېموكراتىيەسىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، جەمئىيەت ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بارلىق خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈپ، بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل جۇڭگونى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ دۇنيا تارىخى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ماركستىن ئۆگىنىشتە، ماركسىزمنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سىياسىي ئاڭ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، يادرو ئېڭى، بىردەكلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز كېرەك.

# پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، بېيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللارنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، تېخنىكا، ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىلىرىنى تاللاپ «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى» قۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، نامرات كەنت، نامرات ئاھالىلەرگە نۇقتا نۇقتىغا ياردەم بېرىپ، نۇقتا دائىرىگە ياردەم بېرىپ، يۈزتۇرا ياردەم بېرىپ، قولمۇ قول ياردەم بېرىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش نۇقتىسى بولغان نىيە ناھىيەسى ئەندىر يېزىسى شىيايىڭ كەنتى دەل پەن ـ تېخنىكا كۈچىنىڭ ياردىمىدە كىرىمىنى ئاشۇردى ھەم «مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ياردەم بېرىشتىكى ئون ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى» بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ نىيە ناھىيەسى ئەندىر يېزىسىدا تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى شىي گوجيېڭ مۇنداق دېدى: «‹نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر مۇلازىمەت ھەرىكىتى›دە كەنتنىڭ چىلان ئۆستۈرۈش، قوغۇن تېرىش ۋە قوي بېقىش، توخۇ بېقىشتىن ئىبارەت خاس ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ يول كۆرسىتىپ بېرىلىپلا قالماي، يەنە كالا بېقىش ۋە ئۈزۈم، شاپتۇل، كۆكتات ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى».

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەللىلىشى ۋە تەكلىپ بېرىشى بىلەن شىيايىڭ كەنتى چىلگە قوغۇن ئورنىغا كەنجى قوغۇن تېرىدى، مۇشۇ بىر تۈردىنلا، بۇ كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 4000 يۈەندىن ئاشتى. كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە راخمان قادىر قوغۇن ساتقان 40 مىڭ يۈەن كىرىمنى ئېلىپ، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل مەن سەككىز مو يەرگە كەنجى قوغۇن تېرىپ، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا بۇنچىلىك كۆپ پۇلغا ساتالايدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىدىم، بەك خۇشال بولدۇم».

ئىگىلىنىشچە، ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مۇتەخەسسىسلەر مۇلازىمەت ھەرىكىتى»دە ئاپتونوم رايوندىكى 20دىن ئارتۇق ئىلمىي جەمئىيەتنى تەشكىللەپ، ئىلمىي جەمئىيەتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئاممىنى تېرىقچىلىق، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش قاتارلىق كۆپ پەن، كۆپ ساھە بويىچە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە 180دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم سەپەرۋەر قىلغان، تۇبېركۇليوز كېسىلى، B تىپلىق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 73 كەنتتە 120 نەچچە مەيدان قېتىم پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى مەنپەئەتلەندۈرگەن.

# «گۈللىنىش ناملىق» پويىز شىنجاڭنىڭ تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىنى بەرپا قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىلغار ئەسلىھە ۋە مۇلازىمەت، تېخىمۇ كۆپ يولۇچىنى «گۈللىنىش ناملىق» پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىشنى تاللاشقا جەلپ قىلدى. «سۈرئىتى تېز، قېتىم سانى كۆپ، مۇلازىمىتى ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن قارامايغا بېرىش تېخىمۇ قولايلىق بولىدىغان بولدى» دېدى ساياھەتچى ليۇ تاۋ.

«گۈللىنىش ناملىق» پويىزنىڭ قاتنىشى بىلەن شەھەرلەر ئارىسىدىكى زامان، ماكان ئارىلىقى زور دەرىجىدە قىسقاردى، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تۆت سائەتلىك تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورى شەكىللەندى. ئۈرۈمچىدىن قارامايغا بېرىشنى مىسالغا ئالساق، «گۈللىنىش ناملىق» پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، ئىككى جاي ئارىسىدىكى «بىر بېكەتتىلا بىۋاسىتە بارىدىغان» پويىزنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىگە پەقەت 2 سائەت 33 مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى ئەڭ تېز سۈرئەتتىكى ئادەتتىكى پويىزنىڭكىدىن 54 مىنۇت قىسقاردى. 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئىككى جاي ئارىسىدا يېڭىدىن بىر جۈپ «گۈللىنىش ناملىق» پويىز كۆپەيتىلدى، ئالتۇن ۋاقىتتىكى «بىر بېكەتتىلا بىۋاسىتە بارىدىغان» پويىزنىڭ ئەڭ تېز يۈرۈش ۋاقتى 2 سائەت 29 مىنۇت بولدى.

ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشى قولايسىز، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ كەلگەنىدى. 2014 ـ يىلى لەنجوۋ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزنىڭ يۇقىرى زىچلىقتا قاتنىشى ئۈرۈمچى ـ قومۇل ئارىلىقىدا تېز سۈرئەتلىك تۆمۈريول «ئاممىۋى قاتنىشى» سەپەر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، يولۇچىلارنىڭ «بارغان ھامان مېڭىشى، تېز سۈرئەتتە بېرىشى» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سەپەرگە چىقىش قولايسىز بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى قاتناش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىپ، شىنجاڭ تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقاردى. بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىن كورلىغا «گۈللىنىش نامـلىق» پويىز قاتناپ، شىنجاڭ «گۈللىنىش ناملىق» پويىز دەۋرىگە كىردى. «گۈللىنىش ناملىق» پويىزنىڭ مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ئادەتتىكى تېز سۈرئەتلىك پويىزلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، سۈرئىتى تېخىمۇ تېز، ۋاگونلار تېخىمۇ ھىم، ئىچكى قىسمىدىكى تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك، يۈرۈش جەريانىدىكى شاۋقۇن تېخىمۇ تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، قولايلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە راھەتلىك دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، «گۈللىنىش ناملىق» پويىزنىڭ قاتناش دائىرىسى غۇلجا، كۇيتۇن، شىخو، بورتالا قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قارامايغا كىردى، شىنجاڭ ئىچىدە «گۈللىنىش ناملىق» پويىز بارىدىغان ناھىيە ـ شەھەر 14كە يەتتى.

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يولۇچى توشۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ چياڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل شىنجاڭ تۆمۈريولىغا سەپلەنگەن 20 گۇرۇپپا «گۈللىنىش ناملىق» سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىر بولغان ئوق پويىز گۇرۇپپىسى پويىزدنىڭ ھەممىسى قاتناپ، شىنجاڭنىڭ تېز سۈرئەتلىك قاتناش تورىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش سۈرئىتى ۋە پويىزدا ئولتۇرۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، «بىز قەدىمىمىزنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، پويىزنى تېخىمۇ كۆپ يىراقتىكى رايونغا، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە بارىدىغان قىلىمىز».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ياڭ شۈچىن: پارتلاش يۈز بەرگەندە، ئۇ بەدىنى بىلەن سەپدىشىنى توسۇۋالدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇيياڭ، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر جياڭ چېڭ)** «كىچىك ۋاقتىمدا، دادام ھەمىشە ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، بەزىدە ئۇنى بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم كۆرەلەيتتىم، گەرچە دادام بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىم كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى ماڭا ئىزچىل تەسىر قىلىپ كەلدى.» گۇيجوۋ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشۈن شەھىرى پىڭبا رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چىبو ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ياڭ جيې دادىسى ياڭ شۈچىننى ئەسلىگىنىدە، ھەمىشە بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتتا بولاتتى، بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دادىسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن پەخىرلىنىش ۋە دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئېچىنىش ئىدى.

ياڭ جيېنىڭ خاتىرىسىدە، ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان دادىسىنىڭ بويى ئېگىز، بەستلىك، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، كىشىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. «كىچىكىمدىن تارتىپلا دادامغا بەك چوقۇناتتىم، ئۇ قۇربان بولغان يىلى مەن 11 ياشتا بولۇپ، ئىشلارنى بىلگۈدەك بولۇپ قالغانىدىم.» ياڭ جيې مۇنداق دېدى: «ھازىر مېنىڭ بىر خەلق ساقچىسى بولۇشۇممۇ دادامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمدىن بولغان».

ياڭ شۈچىن، 1956 ـ يىلى تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نېيشياڭ ناھىيەسىدىن، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، 1977 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، گۇيجوۋ ئۆلكىسى پىڭبا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گاۋفېڭ ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن جېداۋيۈەن بولغان، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەپ تەيىنلەنگەن. بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

1981 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ياڭ شۈچىن ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان، خەتەرلىك پەيتتە ھەمىشە قوشۇننىڭ ئالدىدا، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، بولۇپمۇ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، بارلىق خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىپ، بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى بىر قېتىم شەخسلەر بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 1994 ـ يىلى گۇيجوۋ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى «دېلو پاش قىلىش ماھىرى» بولۇپ باھالانغان ھەم ئۆلكىلىك سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، ئۆلكىلىك كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلگەن.

ۋاقىتنى 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇنغا قايتۇرساق، پىڭبا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خۇڭخۇ ماشىنسازلىق زاۋۇتى جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغان، تېلېفوندا بۇ زاۋۇتنىڭ ياش ئائىلە ئىشچىسى تىيەن XXنىڭ ئەسۋاب ساندۇقىدىن بىر گۇمانلىق پارتلاتقۇچ بۇيۇمنىڭ بايقالغانلىقى ئېيتىلغان. ئەينى چاغدىكى پىڭبا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ياڭ شۈچىن تۆت نەپەر رازۋېدچىكنى باشلاپ، خۇڭخۇ ماشىنسازلىق زاۋۇتىغا خەتەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن بارغان. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، ياڭ شۈچىن خىزمەتداشلىرى ۋە گۇيجوۋ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەۋەتكەن پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەسۋاب ساندۇقىدىكى پارتلاتقۇچنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ شۈچىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق تىيەن XXنىڭ بۇرۇنقى ئېرى فۇ XXنىڭ چوڭ گۇماندار ئىكەنلىكىنى بايقىغان، چۈنكى، فۇ XX ئىلگىرى قىسمىدا ئىشچى ئەسكەر بولغان بولۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى پارتلىتىش تېخنىكىسىنى بىلەتتى. ئىككىيلەن ئائىلە زىددىيىتى تۈپەيلىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، فۇ XX كۆپ قېتىم تىيەن XXكە پاراكەندىچىلىك سالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېلو يۈز بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بىرەيلەن فۇ XXنىڭ تىيەن XX ئىشلەيدىغان سېخقا كىرگەنلىكىنى بايقىغان. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق، گۇماندار فۇ XXنى تىيەن XXنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تېزدىن تۈگىتىش ئۈچۈن، ياڭ شۈچىن تېزلىكتە ئالتە نەپەر خەلق ساقچىسىنى باشلاپ جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇشقا ئاتلانغان. ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بىرىنچى بولۇپ جىنايەت گۇماندارى يوشۇرۇنغان ئۆيگە بۆسۈپ كىرگەن، ئويلىمىغان يەردىن جىنايەت گۇماندارى ئورۇنلاشتۇرغان پارتلاتقۇچ تۇيۇقسىز پارتلاپ كەتكەن، ياڭ شۈچىن ئۆز بەدىنى بىلەن سەپداشلىرىنى قوغدىغان، ئۆزى قانغا بويىلىپ يىقىلىپ، نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 40 ياشتا ئىدى.

1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ياڭ شۈچىننىڭ گەۋدىلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ھايات چېغىدىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن، يولداش ياڭ شۈچىنغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، گۇيجوۋ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياڭ شۈچىننى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان.

ھازىر پىڭبا رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەجبۇرىي ئايرىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىنىڭ جاۋداۋيۈەنى ما جۈن دەل شۇ چاغدا ياڭ شۈچىن بەدىنى بىلەن توسۇۋالغان خىزمەتداشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «لاۋ ياڭ ئەينى چاغدا بىزنى بەدىنى بىلەن توسۇپ، ئۆزى ئەڭ ئالدىدا ئېتىلغاچقىلا، بىز ھايات قالدۇق.» ما جۈن مۇنداق دېدى: 23 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەينى يىللاردىكى مەنزىرە ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا، مەن سەپداشلىرىم بىلەن ھەر يىلى ياڭ شۈچىننى خاتىرىلەيمىز، ياڭ شۈچىننىڭ روھى بىزنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ھازىر، ياڭ جيې دادىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دادىسى ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.